رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ تۈركىستانى

# ئىلىم ۋە ئىمان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ تۈركىستانى

# ئىلىم ۋە ئىمان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ تۈركىستانىي

# ئىلىم ۋە ئىمان

رحمة الله عناية الله تركستاني

# العلم والإيمان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى.

2016 - يىل -1 ئاي / ئىستانبۇل

## مۇندەرىجە

بېغىشلىما........................................................................5
كىرىش سۆز.....................................................................................7
ئىلىم ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە..................................................9
ئىلىم ۋە ئىمان .............................................................................13
ئىلىم ۋە ئىسلام..............................................................................21
ئىمان ھەققىدە چۈشەنچە .................................................................31
بىرىنچى: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش .....................................31
ئىككىنچى: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش...................................33
«قۇرئان كەرىم»دە ئىسمى زىكىر قىلىنغان پەرىشتىلەر..............53
جىنلار.................................................................................36
ئۈچىنچى: كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش .......................................39
تۆتىنچى: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش......................................42
بەشىنچى: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش .....................................45
ئالتىنچى: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش............................................50

# تەقدىم

قەلەم بىلەن ئىنسانغا ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇن. دۇرۇت ۋە سالامىمىز ئۇممىي (ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن)[1] پەيغەمبەر - ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولسۇن.

ئىلىم ئىسلامنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى. ئىسلام دىنى ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە قاتتىق تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنى باشقا دىنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىن تۇنجى چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەر ئوقۇش، ئۆگىنىش ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلىمنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت بولۇپ، 1400 يىل مابەينىدە ئىسلام دۇنياسىدا سان-ساناقسىز ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ماددى ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى

(1) ئىزاھات: مۆھتەرەم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، بارلىق ئىلىملەرنىڭ جۇغلانمىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى بىزگە يەتكۈزۈشى ئۇنىڭ شەكسىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر.

قوشتى. بۇ ئالىملارنىڭ كۆپ قىسمى بىر نەچچە خىل ئىلىمدە تەڭلا يېتىشكەنلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىمنى «پەننىي ئىلىم» ياكى «دىنىي ئىلىم» دەپ ئايرىيدىغان ئىش يوق ئىدى. فىقھى، ھەدىس، تەپسىر ئىلمى قاتارلىق ھازىرقى زامان شارائىتىدا «دىنىي ئىلىم» سۈپىتىدە قارىلىدىغان ئىلىملەردە يېتىشكەن ئالىملار ئۆز نۆۋىتىدە تىبابەت، ئاستورونومىيە، ماتېماتىكا ۋە خىمىيە قاتارلىق «پەننىي» ئىلىملەردىمۇ تەڭلا يېتىشكەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن شۇ ئالىملارنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇق- نەتىجىلىرى تا بۈگۈنگىچە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى «ئىلىم ۋە ئىمان» ناملىق بۇ كىتاپنى ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتلەردىن بىرى بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا سۇنۇش بىلەن بىرگە، شۇنى مۇراجىئەت قىلىدۇكى: ئىلىم بىلەن ئىسلام ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلمان ئىلىمنى ئىسلام بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشۈنۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بارلىق مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىسلام ئىلمى ۋە مەرىپىتىنى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا تارقىتىش دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى!

بارلىق ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولسۇن!

مۇھەممەد ئەلى ئەلھەركانى

دۇنيا ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى



## بېغىشلىما

ھۆرمەتلىك يۇرتدىشىم رەھمەتۇللاھ ئەپەندىمگە:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك كىتابخان! ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان «ئىلىم ۋە ئىمان» ناملىق بۇ كىتاپنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. كىتاپ مەزمۇنىنىڭ ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلانغانلىقى مېنىڭ كىتاپقا بولغان ئىشتىياقىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇڭا ئالدىراش ۋاقتىمنى چىقىرىپ كىتاپنى باشتىن- ئاخىر ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئېسىل يازمىنى تەييارلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ كاتتا ئەجرلەرنى ئاتا قىلسۇن. ئۆزلىرىگە ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ھىدايىتى يار بولسۇن، ئامىن!

چەتئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئانا تىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئانا يۇرتتىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن روياپقا چىقارغان بۇ ئىجادىي ئەمگىكى ھەقىقەتەن قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر قىلىشقا نېسىپ بولمىغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە ئۆزلىرىگە نېسىپ بولدى. مەلۇمكى بۇ كىتاپ ئانا يۇرتتىكى قېرىنداشلارغا ئاتاپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ كىتاپنى زوق-ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشىغا ئىشىنىمەن. ئوقۇغانلار ئوقۇمىغانلارغا سۆزلەپ بېرىشى بىلەن بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تارقىلىشىغا سەمىمى تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

سۆزۈمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئارقا-ئارقىدىن چىقىدىغان ئەسەرلىرىگە ئىنتىزارلىقىمنى بىلدۈرۈپ، ھەممەتلىرىگە غەيرەت تىلەيمەن.

ياقۇپ خوجا

ھىجرىيە 1407- يىلى

مىلادى 1987-يىلى



## كىرىش سۆز

جانابى ئاللاھقا سان-ساناقسىز ھەمدۇسانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام ئېيتقاندىن كېيىن، مەن ھەر قېتىم ۋەتەندىن چىققان ھاجىلار بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە، ئۇلارنىڭ دىن ۋە پەن ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ياش زىيالىيلارغا دىن بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇچۇق چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ كىتاپنى يېزىپ چىقتىم. كىتاپنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن دوستلىرىم ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار كۆپ رىيازەت چېكىپ كىتابىمنى باشتىن- ئاخىر كۆرۈپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ ۋەتەن سىرتىدا تۇغۇلغان بىر مۇھاجىر پەرزەنتى بولغانلىقى، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا كەمچىلىكىمنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا دىنىي بىلىمىمنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى خاتالىقلاردىن خالى بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا باشلىسۇن!

## ئىلىم ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئىلىم ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنى مەدەنىيەتكە باشلايدىغان نۇرلۇق چىراق. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە تەرەققىياتى ئىلىم بىلەن بولىدۇ. ئىلىمسىز كىشىلەر ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ بەخت، نېمىنىڭ ئازاپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

ئادەتتە ئىلىمنى _ بىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن شەك، گۇمان، ئىلىم ۋە ئىمان دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. شەك _ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ بار- يوقلۇقىغا ھېچقانداق دەلىل بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر شەيئىنىڭ بار-يوقلۇقىغا بىر ئاز دەلىل بار بولۇپ، 60% كە يەتمىسە، بۇ گۇمان دېيىلىدۇ.

مەلۇم بىر شەيئىنىڭ بار-يوقلۇقى كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، بۇ ئىلىم دېيىلىدۇ. بۇ ئىلىمنىڭ ھەقىقەتكە يېتىش دەرىجىسى بولۇپ، بۇ دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن ئەقىل، تەپەككۇر، تەجرىبە ۋە تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت تۆت ئامىلنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئىلىمنى ئادەتتە تەبىئەت ئىلمى، ھېساب ئىلمى، جەمئىيەت ئىلمى .... قاتارلىق نۇرغۇن قىسىملارغا بۆلۈش مۇمكىن.

ئىمان بىر نەرسىگە ئەقىل بىلەن ئىشىنىپ، قەلب بىلەن تەستىق

قىلىشتۇر. ئىمان ھەرقانداق شەكىلدىكى شەك ۋە گۇماندىن خالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىمان ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم:

سېزىش ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىنگەن نەرسىلەرگە شەك ئارلاشمايدۇ. مەسىلەن: كۆز بىلەن كۆرگەن، بۇرۇن بىلەن پۇرىغان، قول بىلەن تۇتقان، تىل بىلەن تېتىغان نەرسىلەر. بۇنىڭدىن باشقا مېڭە ۋە نېرۋا سېستىمىسىمۇ سېزىش ئەزالىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان راست خەۋەرلەرگىمۇ شەك ئارىلاشمايدۇ. مەسىلەن، ھىندىستاننى كۆرمىسەكمۇ بارلىقىغا ئىشىنىمىز. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى كۆرۈپ باقمىغان بولساقمۇ، ئۇرۇش بولغانلىقىغا ھەرگىز شەك قىلمايمىز.

سېزىم ئارقىلىق بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى «قەتئىي يوق» دەپ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن رادىئو دولقۇنلىرى ھەرۋاقىت، ھەر جايدا بار. ئەمما ئۇلارنىڭ بارلىقى پەقەت رادىئو قويۇش ئارقىلىقلا بىلىنىدۇ. ئېلېكتىر سايمانلىرىنى قول بىلەن تۇتۇش ئارقىلىق توك بارلىقىنى بىلەلمەيمىز. ئەمما لامپا سالساقلا توك بارلىقى بىلىنىدۇ. ئەما كىشى كۆزى كۆرمىسىمۇ «ئاسمان كۆك، كۆمۈر قارا» دەپ بىلىدۇ. دېمەك بۇ نەرسىلەر سېزىم ئارقىلىق بىلىنمىسىمۇ، يوق ھېسابلانمايدۇ. دۇنيادا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، سېزىم ئارقىلىق بىلىنمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار، ئەمما ئۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى يوق دەپ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەڭ ئاددىسى ئەتراپىمىزنى «ئاتموسفىرا بېسىمى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېسىم ھەرۋاقىت ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇنى سېزىم ئەزالىرى بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ.

سېزىم ئارقىلىق بىلىشنىڭ دائىرىسى كۆپىنچە چەكلىك بولىدۇ.



مەسىلەن ھەرەمنىڭ ئالدىغا بارماي تۇرۇپ، ئۇنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما يىراق ۋەتەندە تۇرۇپمۇ ئۇنى خىيال قىلىش مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ خىيالنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن ھەرقانچە مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەن خىيالى تۇقۇلمىمۇ سېزىم ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن ئەجدەرھانى كۆرۈپ باققان ئادەم يوق، ئەمما رەسساملار ئۇنى شىردەك بېشى بار، يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان، قۇشلاردەك قانىتى بار قىلىپ سىزىدۇ.

نەرسىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى ياكى راست _ يالغانلىقى بەزىدە ئەقىل بىلەن بىلىش مۇمكىن. مەسىلەن: كۈن قىيام بولغاندا چۆلدە كېتىپ بارغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئوت كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ ئوتنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئەقىل تەپەككۇر قىلىپ بىلىدۇكى، ئۇ «ئوت» ئەمەس، بەلكى ئېزىتقۇدۇر. جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى «بىر يۇرت بار، ئەمما چۆلدىمۇ ئەمەس، تاغدىمۇ ئەمەس، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئەمەس، دەريادىمۇ ئەمەس، يەردىمۇ ئەمەس، ئاسماندىمۇ ئەمەس» دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

ھەرقانداق ئىنسان مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر، تەقۋادار ياكى پاسىق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، بىرەر مۇسىبەت يەتكەن ھامان «ئاللاھ!» دەپ نىدا قىلىدۇ. فرانسىيەنىڭ ئاتېيست (دىنسىز) يازغۇچىسى ئاناتول فرانس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دىنغا قەتئىي ئىشەنمەيمەن دېگەن ئادەممۇ ئۆزىنىڭ شىكەر سىيىش كېسىلىگە (شۇ زامانغا نىسبەتەن ساقايماس كېسەل-ت) گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگەندە ئىختىيارسىز دىنغا قايتىدۇ».

بىر كىشى داڭلىق ئىسلام ئالىمى رابىيە ئەدەۋىيگە: «پالانى ئادەم ئاللاھنىڭ بارلىقىغا مىڭ دەلىل كەلتۈردى» دېگەندە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مىڭ ئەمەس بىرلا دەلىل يېتىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ھېلىقى كىشى «ئۇ قايسى دەلىل ؟» دەپ سوراپتۇ. رابىيە ئەدەۋىي ھېلىقى كىشىدىن: «چۆلدە

يالغۇز كىتىپ بارغىنىدا تۇيۇقسىز پۇتلىشىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسەڭ قانداق قىلىسەن؟» دەپتۇ. ھېلىقى كىشى: «<ئاللاھ!> دەپ چاقىرىمەن» دېگەن ئىكەن، رابىيە ئەدەۋىي «ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا تامامەن يېتەرلىك دەلىلدۇر» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنداق، ھەرقانداق ئىنساننىڭ قەلبىگە ئاللاھقا ئىشىنىش يوشۇرۇنغان. بۇ ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ئىنساننىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۇرۇۋەتكەن.

فرانسىيەلىك جەمىيەتشۇناس ئالىم دۇركايىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن، دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايدۇ. ئۇ راست تەڭرىنى ئەقىل بىلەن تونۇيالمىغان تەقدىردە، باشقا نەرسىلەرنى تەڭرى دەپ ئىشىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدۇ.

ئىنسان ئازراق تەپەككۇر قىلسىلا شۇنى بىلەلەيدۇكى، ھايات ماددا دۇنيا تەرەپتىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، يەنى روھىي دۇنيا تەرەپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: بىر كىشى چىرايلىق بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، دائىم ئەشۇ مەشۇقىنىڭ ئوي-خىيالىنى قىلىپ، ئاھ-زار ئۇرۇپ يىغلايدۇيۇ، مۇرادىغا يېتىپ بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن كۆچلۈك مۇھەببىتى يوقاپ كېتىدۇ. بىر كىشى مۇڭلۇق بىر مۇزىكا ئاڭلىسا ياكى بىرەر ھېكايە ئوقۇسا، ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ تەسىراتى بىلەن روھى شاتلىنىدۇ. ئەمما قايتىلاپ ئاڭلىسا ياكى ئوقۇسا زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ. دېمەك لەززەت دېگەن نەرسە ماددى دۇنياغىلا باغلىق نەرسە بولماستىن، روھى دۇنياغىمۇ باغلىق نەرسىدۇر. ماددى لەززەتنىڭ روھى ئاچلىققا «توقلۇق» بېرەلىشى ناتايىن.



## ئىلىم ۋە ئىمان

دېكارت (فرانسىيەلىك پەيلاسوپ) شەك مەزھىبى پەيدا قىلغاندىن بۇيان ھەممە نەرسىگە شەك قىلىپ كىلىپ، ئۆزىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بارلىقىغا ھېچ شەك قىلالمىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈم شەك قىلغۇچى بولسام ئۆزۈم يوق تۇرۇپ قانداق شەك قىلالايمەن؟ مەن ئويلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن بارلىقىمغا ھېچ شەك قالمىدى. ئۇنداق بولسا مېنى كىم ياراتتى؟ بۇ ماددى كائىناتلار ياراتتىمۇ؟ بۇ ئەقلى يوق كائىناتلار مەندەك ئەقىللىق ئىنساننى يارىتالىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەقلى يوق نەرسە باشقا شەيئىگە قانداقمۇ ئەقىل بېرەلىسۇن؟ بىر نەرسىگە ئىگە بولمىغان كىشى ئۇ نەرسىنى يەنە بىر كىشىگە بېرەلەمدۇ؟!»

ھەر بىر ئىنسان بۇ دۇنيادىكى جانلىق ۋە جانسىز ماددى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بۇلار قانداق پەيدا بولغاندۇ؟ قانداق ياسالغاندۇ؟ دېگەندەك سوئالغا جاۋاب ئىزدىسە، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل جاۋاب چىقىدۇ. بىرىنچى: «ھەرقانداق نەرسىنى ياراتقۇچى ئاللاھدۇر» دەپ جاۋاب بەرگۈچىلەر دىندار كىشىلەردۇر. ئىككىنچى: «ماددىنىڭ زەررىچىسى ۋە بارچە ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزىدە بىر ئىرادە ۋە مەقسەت بولۇپ، بۇ ماددى نەرسىلەر ئويلاپ پىكىر قىلىپ، شۇ بار نەرسىلەرنى ئۆزىدىن ياسىغان» دېيىش بولۇپ، بۇ ئەقىلگە ھېچ مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، مەلۇم بىر تاشتا ياكى سۇدا ۋە ياكى ھاۋادا پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يوق. بۇنداق جاۋاپنى

هېچقانداق ئالىم قوللىمايدۇ. ئۈچۈنچى: «ھەممە بار نەرسىنى تاسادىپىي يول بىلەن، ماددىلار زەررىچىلىرىدە جۈپلىشىپ، بىرلىشىش ھاسىل قىلىپ، مەخسۇس ھالەتتىكى بىرىنچى ئېلېمېنتلار پەيدا بولغان. ئاندىن بۇ ئېلېمېنتلار تاسادىپىيلىق بىلەن بىرلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن» دېيىش. لېكىن بۇنى توغرا دىسەك، ئۇنداقتا بۇ دۇنيانى، ماس قەدەملىك قانۇنىيەتلىرىنى باغلاپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ ئۇ قانداق ھالەتتە؟ ئۇ قانداق ماددا؟ رەڭمۇ ۋە ياكى ھاۋامۇ؟

دىئالېكتىكچى ئالىملار «ماددا بىر قۇدرەتكە ئىگە، بىر نەرسە پەيدا قىلالايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ سۆزنىڭ ھېچقانداق دەلىل ئىسپاتلىرى يوق. چۈنكى ھەققەت ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق بىر ماددا بولسا بىر قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر ئىلمىي قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە بۇ قانۇندىن قەتئىي چەتنىمەيدۇ. پەقەت ئاڭ سىزىم ۋە ئىدراكتىن تاشقىرى بىر ئىرادە بىلەن پەيدا بولىدۇ. ماددا دېگەن زادى نېمە؟ ھەرقانداق نەرسىنىڭ بارلىقى، ئېغىرلىقى ۋە شەكلىنى بايقاش بىلەن بىلىنسە ئۇنى ماددا دەيمىز، ماددا نورمال شارائىتتا ئۈچ خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى قاتتىق ھالەت، مەسىلەن تاش، ياغاچ...دېگەندەك؛ سۇيۇق ھالەت، مەسىلەن سۇ، ماي، سۈت...دېگەندەك؛ گاز ھالەت، مەسىلەن ھاۋا، تەبىئىي گاز... دېگەندەك.

ماددا نېمىدىن تەركىپ تاپىدۇ؟ ماددا ئەڭ كىچىك پارچىلار يەنى ئاتوم زەررىچىلىرىدىن تۈزۈلگەن. ئالىملار ئېيتىدۇكى: بىر تامچە سۇدىكى زەررىچىلەرنى سانايدىغان بولساق، نۇرغۇن يىل ۋاقىت كېتىدۇ. بىر مالىكۇلا بىر قانچە خىل ئاتومدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، سۇ بولسا بىر دانە ئوكسىگىن ئاتومى بىلەن ئىككى دانە ھىدروگىن ئاتومىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. تېخىمۇ ئېچكىرلەپ كىرسەك بىر ئوكسىگىن ئاتومىدا سەككىز دانە پروتون ۋە سەككىز دانە ئېلېكترون بار. پروتون مۇسبەت زەررىچە



ئېلېكترون مەنپىي زەررىچە ھالەتتە. ئاتومنىڭ ئەتراپىدا تېز ئايلانغان ئېلېكترون پروتوننىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھازىرغىچە 100دىن ئارتۇق ئوخشىمىغان ئاتوم زەررىچىسى بايقالغان بولۇپ، بۇ زەررەتلەر تەڭپۇڭ ھالەتتىدۇر.

ھەرقانداق ماددىنىڭ ئاتوم زەررىچىسىدە بىر بىرىگە قارىتا تارتىشىش ۋە تېپىشىش كۈچى بولغاچقا ھەرخىل تەسىرلىشىش نەتىجىسىدە تەبىئەت دۇنياسى رەڭگا رەڭ ھالەتنى ساقلايدۇ.

يوقارقىلاردىن شۇنى سورىيالايمىزكى، شۇنداق مەھكەم ۋە مۇكەممەل بولغان قانۇنىيەتلەرنى كىم ياراتتى؟ قانداق كۈچ بىلەن بۇ ئاتوم زەررىچىللىرى قارشى سانلار بىلەن بىرلەشسە ھەرخىل ماددىلار ھاسىل بولىدۇ؟ كىم بۇ ئاتوم زەررىچىلىرىگە بۇ قائىدە قانۇنلارنى ئۆگەتتى؟ بۇ دۇنيادىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئاساسى بولغان زەررىلەرنى كىم ياراتتى؟

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ماددا ئەزەلدىن بار ئىدى، ھەركىتىمۇ ئەزەلدىن بار ئىدى» بۇنداق دېيىش ماددىنىڭ ھەرىكەت نىزامى ئەزەلدىن بار دېگەنلىك، يەنى بۇ خىلمۇ خىل نەرسىلەر ئەزەلدىن بار دېگەنلىك بولىدۇ.

1 - ماددىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن شەكىل ھالىتى پەيدا بولىدۇ. ماددا ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ شەكىل ھالىتىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بولسا، ماددا ئەزەلدىن بار دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، باشتىلا بىر شەكىلگە ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ شەكىل ھالەت ئۆزگەرمەس مۇستەھكەم بولسا، ئۇنىڭدىن خىلمۇخىل نەرسىلەر چىقمىغان بولاتتى، لېكىن ئۆزگىرۈپ تۇرىدىغان بىر شەكىلگە ئىگە بولغان بولسا بۇھالەتتە ماددا پەيدا بولغان بولىدۇ. چۈنكى ماددا ئەزەلدىن بار بولغان بولسا، ئۇنىڭ شەكلىمۇ ئەزەلدىن بار بولغان بولۇشى لازىم.

مەيلى قانداق بولمىسۇن ھەرقانداق بىرخىل ماددا شەكىلگە ئىگە بولماي پەيدا بولمايدۇ. ھەرقانداق ھالدا بىر ماددىنىڭ شەكلى ئۆزگەرمىسە، ئۇ ماددا ئەزەلدىن بار بولغان بولىدۇ، ئەمما ماددىنىڭ بىر شەكىلدە تۇرماي ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقى ماددىنىڭ ئەزەلدىن بار ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلى. بۇنى پەيدا قىلغان ئىگىسى بولۇشى لازىم. مانا مۇشۇ تىگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھەقىقەتلەر، ئىختىرالارنىڭ بۈيۈك ئىجاتچىسى بىر ئاللاھ تۇر.

2 ـ ماددا ھەرىكەت بىلەن مەقسەت ئىرادىگە ئىگە دەپ ئىشىنىش ئەقلي ۋە ئىلمي جەھەتتىن ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا، بۇ دۇنيادىكى خىلمۇخىل نەرسىلەر قانداق پەيدا بولغان؟ ماتېرىيالىست ئالىملار تاسادىپى بىر بىرى بىلەن بىرىكىش يولى بىلەن ماددىلار پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇنداق دېيىش ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ تەركىبى پەۋقۇلاددە نىزامى بولمىغان بىر تاسادىپى بىرلىشىش نەتىجىسىدە پەيدا بولدى دېگەنلىك، بۇنداق دېسەك، ھەممە ماددا بولسا ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىقداردىكى پروتون، نېيترون، ئېلېكترونلاردىن تەركىپ تېپىشى مۇقەررەر. بىر ماددىنىڭ يادروسى يەنە بىر ماددىنىڭ يادروسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇمۇ تاسادىپىيلىق بىلەن پەيدا بولۇپ قالغانمۇ؟ بۇ ماددىلاردىن مىليونلارچە پەيدا بولغان باشقا نەرسىلەرمۇ مۇشۇنداق پەيدا بولغانمۇ؟ يەنە بىر يول بىلەن بۇ تاسادىپىيلىقنى تەھلىل قىلىپ باقايلى: «بىر باسما زاۋۇتىدا، بىر مىليون ھەرپ ساندۇقتا ساقلانغان بولسا، قاتتىق يەر تەۋرەپ، بۇ ساندۇق ئۆرۈلۈپ، ساندۇقتىكى ھەرپلەر چېچىلىپ، بىر بىرىگە باغلىنىپ ئۆزىچە تاسادىپىيلىق بىلەن ئون جۈملە سۆز ياسىلىپ قالدى» دېيىلسە بۇنىڭغا ئىشىنىش مۇمكىن. بىراق «ئەشۇ ھەرپلەردىن 500 بەتلىك بىر مۇكەممەل كىتاپ، ياكى دىۋان پەيدا بولۇپتۇ. بۇ كىتاپتىكى ھېكايە ۋە شېئىرلار ئىنتايىن مەزمۇنلۇق ئىكەن»



دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟

مانا شۇنداق تاسادىپى ھادىسىگە ئىشىنىش مۇمكىن بولمىغان يەردە، دۇنيانىڭ مىليونلارچە نەرسىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى بىر بىرىگە جىسپىلىشىپ كەتكەن ئاشۇنداق قانۇنىيەتلەرنى تاسادىپى پەيدا بولغان دېسە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ دۇنيادا بار خىلمۇخىل نەرسىلەرنى بىردىن ئىلىپ تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ئىنسان ئۈچۈن قىيىن. بىز پەقەت ئادەمنىڭ بىر ئەزاسى بولغان كۆزنى ئېلىپ تەھلىل قىلساق، ئۇلار ئاشكارە بولىدۇ.

كۆرۈشنىڭ قۇرالى كۆز، كۆز چاناق ئىچىدىكى بىر توپ، ئۇ ئۆزىگە ئۇلانغان نىرۋىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆز پەردە سۇيۇقلىقى بىلەن ساقلىنىپ تۇرىدۇ. كۆزنىڭ ئىچى ياكى قۇرۇلمىسى ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن. كىچىكنى ئالدى كەلبە چوڭراقنى كېينكى كەلبە دەيمىز، ئالدى تەرىپى گۈمبەزسىمان بولۇپ شىشىدەك سۈزۈكتۇر، ئۇ كۆز ئالمىسى دېيىلىدۇ. ئالدى كەلبىنىڭ كەينى تەرىپىدە يۇمۇلاق ۋە رەڭلىك بىر پەردە بار. ئۇنىڭ رەڭگى كۆك، بوز، ساغۇچ، قارا، پارقىراق، بولۇپ كۆز قارىسى دەيمىز، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چېكىتتەك كۆرۈنۈپ تۇرغىنى كۆز قارچۇغى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆز قارىسىنىڭ ناھايىتى كۆپ كىچىك قارىلىرى بار، ئۇلارنىڭ بەزىسى تۈز بولۇپ، كۆز جىيەكلىرىگىچە سوزۇلىدۇ ۋە بەزىلىرى يۇمۇلاق شەكىلدە تۇتاشقان بولىدۇ.

يورۇق ئاز بولسا تۈز نىرپلار يىغىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆز قارچۇغى كېڭىيىدۇ ۋە كۆپرەك يورۇقلۇق كۆز ئىچىگە كىرىدۇ، يورۇقلۇق كۆپرەك بولغان چاغدا كۆز قارچۇغى تارىيىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى يورۇقلۇقنى قوبۇل قىلىدۇ، قىسقىسى كۆزدىن ئىبارەت بۇ ئەزا ئىنتايىن نازۇك ۋە ئىنچىكەقانۇنىيەتلىك يارىتىلغان. سىرتقى قىسمى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان يورۇقلۇقنى ئادەمنىڭ مېڭىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نىرپلار نۇرغۇن،

شۇنداق كىچىك كۆزدىكى بۇنداق ماس كىلىشلەر تاسادىپىي شۇنداق بولۇپ قالغانمۇ؟ ياق! بۇنى ھەممىگە قادىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە!

بەزى پەننىي ئالىملار دىن بىلەن پەننى بىر-بىرىگە قارمۇ قارشى دەپ قارايدۇ، ياكى بىر بىرى بىلەن يېقىن كەلمەيدىغان نەرسە دەپ چۈشىنىدۇ، بىراق ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلەر ئىچىدە ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ» سۈرە فاتىر 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەقىقەتەن مۇكەممەل بىلىم يەنى ھەقىقەتنى تەكشۈرىدىغان بىلىم دىندىن يىراق ياكى ئايرىم ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىماننى پۇختىلايدۇ. ئەمما پەن، كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، زورىيىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بەزىبىر يۈزەكى تونۇلغان ھەقىقەتلەر دىن بىلەن قارشى ئورۇنغا قويۇلىدۇ، ۋاھالەنكى، پەن ئارقىلىق دەسلەپتە يۈزەكى تونۇلغان ئاشۇ ھەقىقەتلەر چوڭقۇر ئىزدىنىش ئارقىلىق سىرلىرى يېشىلگەندىن كېيىن دىن بىلەن قارشى ئەمەسلىكى ئاشكارە بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئىلگىرى پەندە چۈش كۆرۈش بىلەن ئادەم ھەركىتىنىڭ ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارىلاتتى، چۈشنى فىزولوگىيىلىك ھادىسە دەپلا چۈشىنىلەتتى، ھازىر يۇقىرى دەرىجىلىك تەرەققىي قىلغان ئېلېكترونلۇق ئۈچۈرلار ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، چۈش ئادەمنىڭ كەلگۈسى ۋە بەزى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۆرمىش، ئەتمىشلىرىگە بېرىلىدىغان بىر خىل سىگنال ئىكەن. يەنە مەسىلەن، بىر ئەسىر ئىچىدە پەيدا بولغان پىكىرلەر بىر ئەسىر بۇرۇن پەيدا بولغان بولسا ئېتىراپ قىلىنىشى تەسكە توختىشى مۇمكىن ئىدى، ھازىر ھەقىقەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان بىر ئاتوم زەررىچىسىدىن پايدىلىنىپ ئېنېرگىيە ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ مۇمكىنلىقىنى بۇندىن يۈز يىللار بۇرۇن ئوتتۇرغا قويۇلغان بولسا، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئەخمىقانە خىيال دەپ مەسخىرە قىلىنغان بولاتتى.



مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام دىنىدا بۇندىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرغا قويۇلغان پەلسەپىۋىي ۋە ئىلمىي ئاساسى بار پىكىرلەر ھازىرقى زامان ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ چىقىلدى ۋە ئىسپاتلانماقتا.

پەن ۋە دىن ئىككىسىگە زىتلىقنى تېڭىش زور خاتالىق ۋە چوڭ گۇناھتۇر، ئۇلار بىر -بىرىنى پۈتتۈنلەيدۇ. چۈنكى بىلىم ئەقلىنىڭ چىرىغى، دىن قەلبىنىڭ چىرىغى. ئىنساندا ئەقىل ياكى قەلب يورۇقلىقىدىن بىرسى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇلار بىر بىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەندىلا بىر پۈتۈن مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىدۇ. دىنسىز پەن ئەقلىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىسىمۇ ، قەلبىنى قاراڭغۇلۇقتا قويىدۇ. شۇنداقلا پەن-بىلىمسىزدىن قەلبىنى يورۇتالىسىمۇ، لېكىن ئەقلىنى قاراڭغۇلۇقتا قويىدۇ.

شۇڭا ئىنساننىڭ بەخت سائادىتى دىن بىلەن پەن بىرلەشكەندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دارۋىن، لاپلاس ۋە ماركىسلارنىڭ نەزەرىيەلىرى كۆپرەك تەخمىنگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىماقتا. ھازىرقى يېتىشكەن ئالىملار پەننى نوقتىدىن تۇرۇپمۇ، «خۇدا يوق» دەپ ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى زاماندا پەننى نەزەرىيەلەر كۆپرەك پەرەز ۋە ئەقلىي قاراشلارغا ئاساسلانغان بولسا، ھازىرقى زاماندا نەزەرىيەلەرنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئېنىق دەلىل-پاكىت بولمىسا بولمايدۇ. پەن قانچە چوڭقۇرلىشىپ تەرەققىي قىلسا، دۇنيانىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى شۇنچە ئېنىق ئېچىلىشقا باشلايدۇ. ئەقىل يولى بىلەن ماددى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن. ئەمما ئاددى ئەقىل بىلەن ئاللاھ، ئاخىرەت، روھ، جان، پەرىشتە ۋە جىن دېگەنلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. تۈرك قوماندانى ئەھمەد ئىززەت پاشا «دىن ۋە پەن» دېگەن كىتاپىدا مۇنداق يازىدۇ: «پەننىڭ چۈشىنىش نوقتىسى چوڭقۇرلاشقانسىرى، تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ئاشكارلانغانسىرى ماددىي ۋە مەنىۋىي نەزەرىيەلەر يوقىلىدۇ ياكى زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. چۈنكى

نيۇتون، پاستېرغا ئوخشاش پەن ساھەسىدە ئىنسانىيەتكە بۈيۈك تۆھپە قوشقان ئالىملار دىنغا ئىشەنگەن»

18- ئەسىرنىڭ ھۆكۈمالىرىدىن بولغان ھېرشېل مۇنداق دەيدۇ: «پەن چوڭقۇرلاشقانسېرى تەڭرىنىڭ بارلىقىغا دەلىللەر كۆپىيىدۇ». ئامرىكا پەن-تەتقىقات باشلاشمىسىنىڭ سابىق باشلىقى مورسىيۇن ئۆزىنىڭ «ئىنسان يالغۇز تۇرمايدۇ» ناملىق كىتابىدا بىر قانچە ئىلمىي دەلىللەرنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىنىڭ بارلىقىغا بۇ دۇنيادىكى سان-ساناقسىز قائىدە-قانۇنىيەتلىك ماس كېلىشلەر گۇۋاھ. بۇلارسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. يەنە ئىنسانلارنىڭ يەريۈزىدە بولۇشى ئەقىل – ئىدراكتىن ئالغان تەلىيى، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ بۇ دۇنياغا قويغان ئىنتىزامىدۇر»

بۈيۈك روس پەيلاسوپى تولستوي مۇنداق دەيدۇ: «باشتا ئەقىدىنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن دەپ تاشلاپ قويغان ئىدىم. لېكىن كېيىن ئىشەندىمكى، ئۇ بۈيۈك مەنىگە ئىگە ئىكەن. باشتا يامان مۇھىتتا ياشىغانلىقىم ئۈچۈن ئويلىغانلىرىم ۋە پىكرىم يامان يولغا كىرگەن ئىكەن. ئەمدى گۇناھىمنى تونۇدۇم. ھايات، ئۆلۈم ۋە تەڭرىگە ئىشەنچىمنى يوقاتسام ياشىيالمايمەن. مەن تەڭرىگە ئىشەنمىگەن بولسام، ئاللىقاچان ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتۈرگەن بولاتتىم. چۈنكى مەن تەڭرىنىڭ بارلىقى بىلەن ھاياتمەن. شەك قىلىپ قالغان چاغلىرىمدا، ئىچىمدىن بىر ئاۋاز چىقىپ <بۇنىڭدىن باشقا نېمىنى ئىزدەيسەن. ئىنساننىڭ تەڭرىدىن ئايرىلىپ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس> دېدى. مەن تەڭرىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كامالىتىنى ۋە ياخشىلىقىنى سەزدىم ۋە ئىشەندىم»



## ئىلىم ۋە ئىسلام

ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ناھايىتى كۆپ دەلىللەر بار. چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسىز پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن ھەرىكەتلەر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدۇ. بۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئېچىنىشى كېرەككى، ئۇنداق «ئەقىل ئىگىلىرى» نى دۇنيادىن ۋاز كەچكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئايەتلەر بىلەن ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادىكى ماددىي نەرسىلەرگە قاراپ پىكىر قىلىپ، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە چەكسىز قۇدرىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش كىشىنى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى چۈشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

شۇڭا مۇسۇلمانلار بىلىملىك بولۇش بىلەن، جاھالەتتىن تىزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاھالەت بىلەن كۆرەش قىلىشى لازىم. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، بىلىم ئىگىلەشكە چاقىرىدىغان ئايەت-ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىلىمنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىل قۇرئان كەرىمدە 50 يەردە زىكىر قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەقىل ئىگىلىرى (ئاقىللار) دەپ ئون يەردە زىكىر قىلىنىدۇ.

ئەقىل ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك نېئمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىن بولغانلىقتىن كۆپ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا «بۇ ئايەتلەردە

ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار» ياكى « ئەقىل ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېيىش ئارقىلىق ئەقىلنىڭ زور ئەھمىيىتىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[2]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان هالدا گۇۋاهلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا هېچبىر ئىلاه يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاهلىق بەردى﴾[3]. دېمەك، بۇ ئايەتتە ئالىملارنىڭ «ئاللاھ بىر» دەپ بەرگەن گۇۋاهلىقى پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاهلىقى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ناهايىتى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ: ﴿وَقُل رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ يەنى ﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾[4]. ﴿هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴾[5]. ﴿قُلْ سِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانظُرُوا كَيْفَ بَدَأَ الْخَلْقَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار»﴾[6].

(2) سۈرە مۇجادەلە 11-ئايەت
(3) سۈرە ئال ئىمران 18-ئايەت
(4) سۈرە تاھا 114-ئايەت
(5) سۈرە زۇمەر 9-ئايەت
(6) سۈرە ئەنكەبۇت 20-ئايەت



ھەدىسلەردىمۇ ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئېسىل بايانلار بار. مەسىلەن: «ئالىملار پەيغەمبەر ۋارىسلىرىدۇر»، (ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، دارىمى ۋە ئىبنى هىببان ئۆزىنىڭ سەھى كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس)، «ئىلىم ئۆگىنىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالغا پەرزدۇر» (بەيھەقى «شۇئەبۇل ئىمان» دا رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن)، «ئىلىم يولىدا ماڭغان كىشىگە ئاللاھ جەننەتنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)....قاتارلىق ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردۇر.

يۇقارقى ئايەت، ھەدىسلەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى پەقەت دىنىي ئىلىملارغا خاس بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق پايدىلىق پەن-تېخنىكا بىلىملىرىمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە پەن ئىلىملىرى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»، ۋە ھەدىسلەردە دۇنيادىكى بارلىق ئىلىملار چوڭقۇر مەنالىرى بىلەن زىكىر قىلىنغان بولۇپ، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغىنىمىزدا بۇ يوشۇرۇن مەنالارنى هېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»دە بار ھەقىقەت ئىلىملىرى سان-ساناقسىزدۇر. مېنىڭ بۇ كىتاپتا بايان قىلماقچى بولغانلىرىم دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى خالاس.

﴿إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِّأُولِي الْأَلْبَابِ الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمْ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَاطِلًا سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار . ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇئاللاھ نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى

توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[7].

﴿قُلِ انظُرُوا مَاذَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا تُغْنِي الْآيَاتُ وَالنُّذُرُ عَن قَوْمٍ لَّا يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ»﴾[8].

﴿أَوَلَمْ يَنظُرُوا فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا خَلَقَ اللَّهُ مِن شَيْءٍ وَأَنْ عَسَىٰ أَن يَكُونَ قَدِ اقْتَرَبَ أَجَلُهُمْ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالامۇللاھ ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾[9].

﴿خَلَقَ اللَّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بِالْحَقِّ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَةً لِّلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، ھەقىقەتەن بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴾[10]. دېمەك ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرگە قاراپ، تەپەككۇر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىشكە چاقىرىدۇ. بۇ بۇيرۇق بويىچە ئاسماننى كۆزىتىدىغان بولساق، مىليارتلىغان يۇلتۇزلارنى كۆرىمىز. قوياش يەرشارىدىن بىر مىليون 300 مىڭ ھەسسە چوڭ بولۇپ، «جەۋزا» دېگەن يۇلتۇزنىڭ چوڭلۇقى قوياشنىڭ چوڭلۇقىنىڭ 460 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. يەر بىلەن ئاينىڭ ئارلىقى 384 مىڭ

(7) سۈرە ئال ئىمران 190~191-ئايەت
(8) سۈرە يۇنۇس 110-ئايەت
(9) سۈرە ئەئراف 185-ئايەت
(10) سۈرە ئەنكەبۇت 44-ئايەت



كىلومېتىر، يەر بىلەن قوياشنىڭ ئارلىقى 150 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شارىغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇزلار توپىنىڭ ئىسمى « سامان يۇلتۇزلار توپى» بولۇپ، ئۇنىڭدا 30 مىليون تۇرغۇن يۇلتۇز بار، ھەربىر تۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ سەييارە يۇلتۇزلىرى، سەييارە يۇلتۇزلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ ھەمرا يۇلتۇزلىرى بار. مەسىلەن، قوياشنىڭ ئەتراپىدا يەر شارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز سەييارە يۇلتۇزى، يەر شارىنىڭ ئايدىن ئىبارەت ھەمرا يۇلتۇزى بار.

ئالىملار تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەيلى تۇرغۇن يۇلتۇز، ياكى سەييارە ۋە ياكى ھەمراھ يۇلتۇز بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مۇئەييەن بىر ئوربىتا بويىچە توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەمما قۇرئان بۇ ھەقتە ئاللىقاچان خەۋەر بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا يۇلتۇزلار ھەركىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَّهَا ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ﴾ يەنى ﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾[11].

ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ يەرشارىنىڭ ئاسماندىكى ئورنى ئىنتايىن مۇۋاپىق جايلاشقان بولۇپ، يەر شارى ئۆز ئوقىدا ھەر 24 سائەتتە بىر قېتىم، قوياشنىڭ ئەتراپىدا ھەر 365 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. يەر شارىنىڭ قوياش ئەتراپىدىكى ئايلىنىش سۈرئىتى سائىتىگە 107 مىڭ كىلومېتىردىن توغرا كېلىدۇ. ئەگەر يەر شارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قوياش بىلەن بولغان ئارلىقى، ئايلىنىش سۈرئىتى ھازىرقىدىن باشقىچە بولغان بولسا، يەر شارىدىكى ھاياتلىقمۇ باشقىچە بولغان بولاتتى. يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكى ۋە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ،

(11) سۈرە ياسىن 38-ئايەت

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ. ﴿يُكَوِّرُ اللَّيْلَ عَلَى النَّهَارِ وَيُكَوِّرُ النَّهَارَ عَلَى اللَّيْلِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ﴾[12].

«قۇرئان كەرىم»دە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۆجىزە ئايەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلاردىن بىر قانچىنى مىسالغا كەلتۈرىمىز.

ئاتوم زەررىسىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەمەسلىكى. پەندە 19-ئەسىرگىچە ئاتوم ئەڭ كىچىك نەرسە دەپ قارىلىپ كەلگەندى. لېكىن كېيىن ئاتوم زەررىچىسىنىڭمۇ ئەڭ كىچىك ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ يەنە پروتون، نىترون ۋە ئېلېكتورۇنلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاتوم زەررىچىسىنىڭ ئەڭ كىچىك ئەمەسلىكى، ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا ئاتومنىڭ مەيلى ئاسمان ياكى يەر بولسۇن خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتلەردىن «قۇرئان كەرىم» ئاللىبۇرۇن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾ يەنى ﴿ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[13].

ئاتموسفىرا يۇقىرى قاتلىمىدا نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىنلىقى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ يُرِدِ اللَّهُ أَنْ يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلْإِسْلَامِ وَمَنْ يُرِدْ أَنْ يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاءِ كَذَلِكَ يَجْعَلُ اللَّهُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ كىمنى

(12) سۈرە زۇمەر 5-ئايەت
(13) سۈرە يۇنۇس 61-ئايەت



ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾[14]. يۇقارقى ئايەت يېقىنقى زامان ئىلمىدە ئىسپاتلانغان ئاتموسفىرا يۇقىرى قاتلىمىدا ئوكسىگىنىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن نەپەس ئېلىشنىڭ قىيىن بولۇپ، كۆكرەكنىڭ سىقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرىدۇ.

ھەممە نەرسىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا إِلَى الْأَرْضِ كَمْ أَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ زَوْجٍ كَرِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئۇلار زېمىننى (يەنى زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى) كۆزەتمىدىمۇ؟ زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴾[15]. ﴿فَاطِرُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَعَلَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَمِنَ الْأَنْعَامِ أَزْوَاجًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[16]. بۇ ئايەتلەردە دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ جۈپ يارىتىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلىدۇ. يېقىنقى زامان ئىلمى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پەقەت ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارلا ئەمەس، ئۆسۈملۈكلەر ھەتتا جانسىز ماددىلارمۇ جۈپ بىلەن يارىتىلغان. مەسىلەن، ئېلېكترنىڭ مۇسبەت ۋە مەنپى قۇتۇبى بار، بىرى بولمىسا ئېلېكتر مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئاتوم زەررىچىسىمۇ مۇسبەت ئېئونلۇق

(14) سۈرە ئەنئام 125-ئايەت
(15) سۈرە شۇئەرا 7-ئايەت
(16) سۈرە شۇرا 11-ئايەت

ئاتوم يادروسى بىلەن مەنپىي ئىئونلۇق ئېلېكتورونلاردىن تۈزۈلىدۇ.

ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچەملىك ئىكەنلىكى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا عِنْدَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلَّا بِقَدَرٍ مَعْلُومٍ﴾ يەنى ﴿قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴾[17]. بۇ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر مەۋجۇدلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئۆز ئۆلچىمىدە بولۇش لازىم. مەسىلەن، ئەگەر بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋادىكى ئوكسىگېننىڭ مىقدارى 21% بولماي 50% بولغان تەقدىردە، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئازغىنە شامالدىن ھاسىل بولغان سۈركىلىش كۈچىنىڭ سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ تۈگىگەن بولاتتى. ئوكسىگېن ھازىرقىدەك نورمال بولغاچقا، جانلىقلار ئوكسىگېننى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن كاربون IV ئوكسىدنى تاشقىرىغا چىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر بۇ كېرەكسىز كاربون IV ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ ساپ ئوكسىگېن ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت بولمىغاندا، ياكى بۇ ھال ئەزەلدىن شۇنداق قىلىپ قويۇلمىغاندا، قانداق ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن؟ پەقەت ئەقىللىق كىشىلەر بۇ خىل ماس كېلىشنىڭ تاساددىپي ئەمەسلىكىنى بايقىيالايدۇ. زوئولوگىيە (ھايۋانات ئىلمى) ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «تىرىمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئەڭ نازۇك تارازىنى ئۆلچەم قىلىپ پەيدا بولغان ماددىلاردىن تەركىب تاپىدۇ»

تىرىك ئورگانىزىمنىڭ ئۆلۈك ماددىلاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ الْمَيِّتِ مِنَ الْحَيِّ ذَلِكُمُ اللَّهُ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾ يەنى ﴿دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى

(17) سۈرە ھىجر 21-ئايەت



بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن ئاللاھدۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ ئاللاھدۇر، (ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[18]. بارلىق جانلىقلار ھۈجەيرىنى بىرلىك قىلغان ئاساستا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھۈجەيرە جانلىقلار دۇنياسىنىڭ ئاساسىدۇر. ھۈجەيرىنىڭ تۈزۈلىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسلىقى سۇ، تۇز، قەنت، ئاقسىل، يادرۇ كىسلاتاسى ۋە ۋىتامىنلاردىن تەركىب تاپقان. گەرچە بارلىق ھۈجەيرىلەر يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان ئۆلۈك ماددىلاردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھەربىر خىل ھۈجەيرىنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى، خۇسۇسىيىتى ۋە فونكسىيىسى بار. بۇ بىر خىل ئاجايىپ ئورگانىك ھالدا بىرىكىش بولۇپ، بۇ ھەقتە دوكتور چارلىس كارتىس مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىمەنكى تىرىك ھۈجەيرىلەر ئارلىشىپ بىر ھالغا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىنى بىلەلمەيمىز. بۇ دۇنيادىكى مىليونلىغان تىرىك ھۈجەيرىلەر تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ يولى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا چەكسىز ئىشىنىمەن»

ئانا ھەمرىيىنىڭ ئۈچ پەردىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَأَنْزَلَ لَكُمْ مِنَ الْأَنْعَامِ ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ يَخْلُقُكُمْ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ خَلْقًا مِنْ بَعْدِ خَلْقٍ فِي ظُلُمَاتٍ ثَلَاثٍ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَهُ الْمُلْكُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاللاھ سىلەرنى ئانىلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ،

(18) سۈرە ئەنئام 95-ئايەت

ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»[19]. ئاللاھ تائالا يۇقارقى ئايەتتە خەۋەر بەرگەن ئۈچ قاراڭغۇلۇق يېقىندىلا بايقالغان بولۇپ، ئالىملار بۇ ئۈچ قات پەردىگە مىنبازى، خورىيون ۋە لەفائىفى دەپ ئىسىم قويىدى.

ئىنسانلار بارمىقىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا أُقْسِمُ بِيَوْمِ الْقِيَامَةِ وَلَا أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ اللَّوَّامَةِ أَيَحْسَبُ الْإِنْسَانُ أَلَّنْ نَجْمَعَ عِظَامَهُ بَلَىٰ قَادِرِينَ عَلَىٰ أَنْ نُسَوِّيَ بَنَانَهُ﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى ، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ). ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۇنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئى قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾[20]. ئىنساننىڭ ئەزالىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئادەتتە كۆز-كۆزگە، بۇرۇن-بۇرۇنغا، قول-قولغا ئوخشايدۇ. ئەمما بارماقلارنىڭ تۈزۈلۈشى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقىقەت 1884-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن مەلۇم بولغان. ھازىرقى زاماندا بارماق ئىزىغا ئاساسەن تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىشقا قوللىنىلماقتا.

(19) سۈرە زۇمەر 6-ئايەت
(20) سۈرە قىيەمەت 1~4-ئايەت



## ئىمان ھەققىدە چۈشەنچە

ئىمان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ دىنىي ئىستىلاھاتتىكى مەنىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرىغان ئەمىر-پەرمانلىرىغا تىل بىلەن شاھادەت ئېيتىش، دىل بىلەن تەستىقلاش دېمەكتۇر. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتە ھەرقانداق شەك-شۈبھىلەردىن خالىي بولۇش كېرەك.

ئىماننىڭ ئاساسى بەلگىلىمىسى ئالتىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىپ ساھابىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ماڭا ئىماندىن خەۋەر بەرسەڭ» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا («قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ساماۋى كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق -يامانلىقنى ئاللاھدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭ ئىمان ھېسابلىنىدۇ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى) دەپ جاۋاب بەرگەن

يۇقارقى ئىماننىڭ ئالتە تۈرلۈك بەلگىلىمىرىنى تۆۋەندە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

### بىرىنچى: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

پۈتۈن كائىناتلارنى ئاللاھ ئۆزى يالغۇز ياراتقان. ھەممە مەۋجۇداتلارنى،

مەيلى جانلىق ۋە جانسىز بولسۇن ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتتى. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دىل بىلەن ئىشىنىش، تىل بىلەن شۇ ئىشەنچنى بايان قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ يوليورۇق - كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇپ ياشاش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكىدەك تۆت مۇھىم نۇقتىغا ئايرىپ بايان قىلىش مۇمكىن.

1- ئاللاھ بار، شۇنداقلا ئۇ ھېچ بىر شېرىكى يوق، يەككە-يېگانە زاتتۇر. بۇ ھەقىقەتنىڭ قىسقىچە دەلىلى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، دۇنيادىكى بارلىق كائىناتلار ئۆزلىگىدىن تاساددىپى پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. بۇلارنىڭ ئەلۋەتتە ياراتقۇچىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھدۇر. ئىككىنچىدىن، كائىناتلارنىڭ پەيدا بولۇشى، بىرلىككە كېلىشى ۋە قائىدە-قانۇنىيەتلەر بىر قانچە ئىلاھلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەمەس. ئەگەر ئىلاھلار بىر قانچە بولسا ئىدى، دۇنيادا مۇنداق بىرلىككە كەلگەن نىزام بولماي، ھەر بىر ئىلاھ ئۆزى خالىغان نەرسىنى ۋە تەرتىپ-نىزامنى يارىتىپ، بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىنى بۇزغان بولاتتى. شۇڭا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ۋە تەرتىپ-نىزاملارنى بىرلا ئاللاھ بۇيرۇق قىلىپ پەيدا قىلغان، ئۆزى يالغۇز باشقۇرىدۇ، دەيمىز.

2- دۇنيانى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقۇچى زات ئاللاھدۇر. يارىتىشتا ئۆزى يالغۇز ياراتقان. ھەرقانداق نەرسە، ئەڭ كىچىك ئاتوم زەررىچىسىدىن تارتىپ تاكى قۇياش، ئالەم، كۆزگە كۆرۈنىدىغان-كۆرۈنمەيدىغان، ئىسپاتلانغان-ئىسپاتلانمىغان، ھەرىكەتلەنگۈچى ۋە ھەرىكەتسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقۇچى پەقەت بىر يېگانە ئاللاھدۇر.

3- ئىگىدارچىلىق ئاللاھقا خاستۇر. بۇ دۇنيانىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى ئاللاھدۇر. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئىنسان ياكى ھايۋان بولسۇن، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئاللاھ خالىسا ھاياتلىق



بېرىدۇ خالىسا جېنىنى ئالىدۇ. ئاللاھ بەزى كىشىلەرنى نامرات قىلىدۇ، بەزىلىرىنى باي قىلىدۇ. زېمىننىڭ بەزى يەرلىرىنى يېشىللىق ۋە بەزى يەرلىرىنى قاقاسلىق چۆل قىلىپ ياراتتى.

4- ئاللاھ ئىبادەت قىلىشقا ھەقلىق بىردىن-بىر زاتتۇر. ئاللاھ مەۋجۇت ئىكەن، ئەلۋەتتە ئىبادەتكە ئەڭ لايىق زاتتۇر. ھەرقانداق ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش كېرەك.

ئالىملار: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ مَلِكِ النَّاسِ إِلَهِ النَّاسِ﴾ يەنى ﴿«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) غا سېغىنىپ...تىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾[21] دېگەن ئايەتلەردىكى ﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى﴾ دېگەن ئايەتتە «ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ پەرۋىش قىلغۇچى پەرۋەردىگار» دەپ، ﴿ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى﴾ دېگەن ئايەتتە «ئىنساننىڭ مەبۇدى يەنى يالغۇز چوقۇنۇشقا لايىق زات ئاللاھ» دەپ شەرھلەيدۇ.

## ئىككىنچى: پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ دۇنيادا بار نەرسىلەر ئىككى خىل ھالەتتە بولىدۇ.

1- ئاشكارا نەرسىلەر، يەنى سېزىم ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن، تاغ، تاش، ئوت، ئادەم دېگەندەك ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان جىسىملار.

2 - مەخپىي نەرسىلەر، يەنى ئىنسان سېزىم ئەزالىرى ئارقىلىق بىۋاستە ھېس قىلالمايدىغان نەرسىلەر. مەسىلەن، پەرىشتىلەر، جىن-شەيتانلار... بۇ مەخپىي نەرسىلەرنىڭ سىرىنى ئىنسان ئۆزى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا

(21) سۈرە ناس 1 - ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە.

بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ﴾ يەنى﴿ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر زات ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلمەيدۇ﴾[22]. غەيبكە ئىشىنىش ئىماننىڭ كامىللىقىنىڭ ئالىي دەرىجىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ: ﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ﴾ يەنى﴿مۆمىنلەر غەيبكە ئىشىنىدۇ﴾[23] دەيدۇ.

غەيبنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق ئەھمىيىتى بار؟

دۇنيادىكى ئۈچۈق-ئاشكارا مەۋجۇداتلارنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى غەيبنى بىلىشتىن چەكلەنگەن. مۇشۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان مەخپىي نەرسىلەرنى ۋەھيى ئارقىلىق بەندىلەرگە بىلدۈردى.

غەيبكە ئىشىنىش ئاللاھقا ئىشىنىشتۇر. غەيب نەرسىلەرنى بىلىش ئىنسانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ھېس قىلالمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەۋجۇد. ئىنسانلار بىلەلمىگەن غەيبى نەرسىلەرنىڭ بەزىسىنى ئاللاھ تائالا روشەن «قۇرئان» ئايەتلىرى ۋە ئىشەنچىلىك ھەدىسلەر بىلەن ئىنسانلارغا بىلدۈردى. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاپ بەردى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ يەنى ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل

(22) سۈرە نەمل 165-ئايەت
(23) سۈرە بەقەرە 2-ئايەت



قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[24].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان» دېگەن. ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغان بولغاچقا ئۈچۈق ئاشكارا كۆرىنىدۇ. چۈنكى يورۇق نۇر ئۆزى ئاشكارا ماددا ئەمەس، لېكىن «كۆزىمىز كۆرمىدى» دەپلا، «يوق» دەپ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇنى ئىنكار قىلساق، كۆڭۈل، جان، ئەقلىلىرىمىزنى ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## «قۇرئان كەرىم»دە ئىسمى زىكىر قىلىنغان پەرىشتىلەر:

1 - جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام «ئىشەنچىلىك روھ، مۇقەددەس روھ» دېگەن نام بىلەن زىكىر قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿قُلْ نَزَّلَهُ رُوحُ الْقُدُسِ مِنْ رَبِّكَ بِالْحَقِّ لِيُثَبِّتَ الَّذِينَ آمَنُوا وَهُدًى وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، قۇرئاننى مۇقەددەس روھ (يەنى جىبرىئىل) مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھوزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴾[25]

2 - ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر. مەسىلەن: ﴿وَيَحْمِلُ عَرْشَ رَبِّكَ فَوْقَهُمْ يَوْمَئِذٍ ثَمَانِيَةٌ﴾ يەنى ﴿بۇكۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ﴾[26]

3 - جەننەت ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر. مەسىلەن: ﴿وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا

(24) سۈرە نىسا 136 -ئايەت
(25) سۈرە نەھل 102-ئايەت
(26) سۈرە ھاققە 17-ئايەت

سَلَامٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَادْخُلُوهَا خَالِدِينَ﴾ يەنى ﴿جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ﴾[27]

4 - دوزاخ ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر. مەسىلەن: ﴿لَوَّاحَةٌ لِّلْبَشَرِ عَلَيْهَا تِسْعَةَ عَشَرَ﴾ يەنى ﴿ئۇ (چوڭقۇلۇقدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر﴾[28]

5 - جاننى ئالغۇچى پەرىشتىلەر. مەسىلەن: ﴿قُلْ يَتَوَفَّاكُمْ مَلَكُ الْمَوْتِ الَّذِي وُكِّلَ بِكُمْ ثُمَّ إِلَى رَبِّكُمْ تُرْجَعُونَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»﴾[29]

بۇلاردىن باشقا ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ پەرىشتىلەرنى مەخسۇس تائەت-ئىبادەتكە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەرگىز ئاللاھنىڭ پەرماندىن چىقمايدۇ ۋە گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئەمر پەرمانلارنى ئىجرا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## جىنلار

يۇشۇرۇن مەۋجۇداتلاردىن پەرىشتىلەر نۇر ۋە روھتىن يارىتىلغان بولسا، جىنلار ئوتتىن يارىتىلغان. پەرىشتىلەرنى كۆرگىلى بولمىغاندەك، جىنلارنىمۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. جىننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ

(27) سۈرە زۇمەر 73- ئايەت
(28) سۈرە مۇددەسسىر 28~29- ئايەت
(29) سۈرە سەجدە 11- ئايەت



شەرتلىرىدىن بولمىسىمۇ، جىننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە جىنلار ھەققىدە ئۇچۇق خەۋەر بەرگەن. بۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1 - جىنلار ئىنساندىن بۇرۇن يارىتىلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْجَانَّ خَلَقْنَاهُ مِنْ قَبْلُ مِنْ نَارِ السَّمُومِ﴾ يەنى ﴿جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق﴾[30]

2 - جىنلار ئىنسانلارنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما ئىنسانلار جىننى كۆرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ يَرَاكُمْ هُوَ وَقَبِيلُهُ مِنْ حَيْثُ لَا تَرَوْنَهُمْ﴾ يەنى ﴿شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر﴾[31]

3 - جىنلار ئىنسانغا ئوخشاش (ئىبادەتكە چاقىرىلغان، ئەقلىگە ئىگە، ئەركەك-چىشىسى بار). قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[32]

4 - جىنلارنىڭمۇ مۇسۇلمان ۋە ياخشىلىرى بار. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا جىنلارنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَّا مِنَّا الْمُسْلِمُونَ وَمِنَّا الْقَاسِطُونَ فَمَنْ أَسْلَمَ فَأُولَئِكَ تَحَرَّوْا رَشَدًا﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈنىدۇق. بىزدىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ

(30) سۈرە ھىجر 27- ئايەت
(31) سۈرە ئەئراب 27- ئايەت
(32) سۈرە زارىيات 56 – ئايەت

بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ﴾[(33)].

5 - جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش غەيبنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا قَضَيْنَا عَلَيْهِ الْمَوْتَ مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنْسَأَتَهُ فَلَمَّا خَرَّ تَبَيَّنَتِ الْجِنُّ أَنْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾ يەنى ﴿سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾[(34)].

5-جىنلارنىڭ ئاسىي كاپىر بولغانلىرى شەيتاندۇر، شەيتاننىڭ كاتتىسى ئىبلىستۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ كَانَ مِنَ الْجِنِّ فَفَسَقَ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِ﴾ يەنى ﴿ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى﴾[(35)].

شەيتاننىڭ ئىنساننىڭ بىرىنچى دۈشمىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولغان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەرخىل ۋاسىتە بىلەن ئازدۇرۇپ جەننەتكە كىرىشتىن توسىدىغان ئىبلىستۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا ئىبلىس ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ﴾ يەنى﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە

(33) سۈرە جىن 14-ئايەت
(34) سۈرە سەبەھ 14- ئايەت
(35) سۈرە كەھف 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى



دۈشمەندۇر﴾[(36)].

شەيتان ئىنسانغا ئاللاھنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئەمما شەيتان تەرىپىدىن چىرايلىق كۆرسىتىلگەن نەرسىلەر ئىنساننى ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ. ھەرقانداق يامان نىيەت ۋە ئىش يادىغا كەلسە ياكى كۆرسە، ئاللاھدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن يىراق بولۇشنى تىلەش لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن پاناھ تىلەش ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلْ رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ﴾ يەنى﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[(37)].

## ئۈچىنچى: كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق چۈشۈرگەن كىتابلارنى تۆۋەندىكى تۆت نوقتىغا يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز.

1 - ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن كىتابلارنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتاب بولسا ۋاراقلاردىن ئىبارەت ئىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا «زەبۇر»نى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «تەۋرات»نى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنجىل»نى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرگەن.

2 - ئاللاھ مۇقەددەس كىتابلارنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ۋە توغرا يولدا مېڭىپ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن چۈشۈرگەن. بۈيۈك كىتابلارنى چۈشۈرۈشتە ئاساسلىقى تۆت خىل مەخسەت بار. (1) ئاللاھ تائالا

(36) سۈرە كەھف 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(37) سۈرە مۇئمىن 98-97-ئايەت

بۇ كىتابلار ئارقىلىق بەندىلەرگە ئۆزىنى تونۇتۇش، دۇنيانىڭ ياراتقۇچى ۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھىدايەت يولى بولغان ئىسلام دىنىغا چاقىرىشتۇر. (2) دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. (3) ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىنى قانداق تونۇش ۋە قايسى خىل رەۋىشتە بەندىچىلىك قىلىشنى بىلدۈرۈشتۇر. مەسىلەن، ناماز، زاكات، روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. (4) ئاللاھنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇنلىرىنى بايان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋە بىر-بىرى بىلەن بولغان ئالاقە يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر.

3 - مۇقەددەس كىتابلار ئىچىدە، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلدى. مەسىلەن، يەھۇدىلار تەۋراتنى ئۆزگەرتتى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مِنَ الَّذِينَ هَادُوا يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَنْ مَوَاضِعِهِ﴾ يەنى ﴿يەھۇدىلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار﴾[38]. ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەھۇدىيلارنىڭ ئىنجىلنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيقًا يَلْوُونَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُولُونَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى - بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾[39]. شۇ سەۋەپتىن خرىستىئانلاردا تۆت

(38) سۈرە نىسا 46- ئايەت
(39) سۈرە ئال ئىمران 78- ئايەت



خىل ئىنجىل بار، ئۇلار ئىنجىل مەرقۇس، ئىنجىل لوقا، ئىنجىل مەتتا ۋە ئىنجىل يەرنا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4 - «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرى كەلگەن كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئۇلارغا سىڭدۈردى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق﴾[40].

«قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا ئۆزى ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشتىن ساقلىغان بۈيۈك كىتابتۇر. شۇ سەۋەپتىن 1400 يىلدىن بېرى «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق ئۆزگەرتىشتىن خالىي بولۇپ كەلدى، بۇندىن كېيىنمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى «قۇرئان كەرىم» بىر خىلدۇر، مەيلى قايسى يۇرت ۋە مىللەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «قۇرئان كەرىم»دە ھېچ ئىختىلاپ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز پەزلى بىلەن ساقلايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[41].

ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دەۋرىدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»گە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئاللاھنىڭ سۆزىگە بىر سۆز ۋە ياكى بىر ھەرپ قوشۇۋېتىش ياكى ئېلىۋېتىشتىن ساقلىنىپ كەلدى. ئىلگىرىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش ۋە ھەدىسنى توپلاشتىكى ئىلمىي مېتودىنى ھازىر پەننىي ئالىملار ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھەسىدە كەڭ قوللانماقتا.

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر قانۇنى بولۇپ، ئىبادەت، ئەخلاق

(40) سۈرە مائىدە 48- ئايەت
(41) سۈرە ھىجىر 9- ئايەت

ۋە تەربىيە، شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئارا ئىلىپ بېرىلىدىغان ئالاقىدىن تارتىپ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگىچە بولغان بارلىق ئىنسانلار پائالىيىتىدىكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى باردۇر. بەزى مەۋجۇداتلارنى ئىشارە قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى كۆرۈپ، ئويلاپ، بىلىپ ۋە تەتقىق قىلىش؛ بۇ ئارقىلىق ئىلمىي ھەقىقەتكە ئىگە بولۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىشكە دالالەت قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھ-تائالا ئىنسانلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىنسانلارغا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىقىغا ۋە «قۇرئان»دا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئىماننىڭ شەرت بەلگىلىمىلىرىدىندۇر.

1. ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ﴾ يەنى ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) دەيدۇ.﴾[42]

ھازىرقى بار بولغان بىلىملەرنى ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن ئالغان بولساق، مەخپىي بىلىملىرىمىزنىمۇ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئېلىشىمىز لازىم. غەيبلەرنى ياراتقۇچى ئاللاھ-تائالا ئۆزى بولغان ئىكەن، بۇلارنى بايان قىلىش ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاستۇر. ئەمما ئاللاھ خالىغان پەيغەمبەرلىرىگە بەزى غەيبلەرنى ۋەھىي ئارقىلىق بىلدۈردى. پەننىي

(42) سۈرە بەقەرە 285- ئايەت



ئالىملارنىڭ مەلۇماتى ئەقىل بىلەن بولغان بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ مەلۇماتى ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ-تائالا دۇنيادىكى نەرسىلەرنى مەخسۇس ئىش ۋە ۋەزىپە ئۈچۈن ياراتقان بولسا، ئىنسان ۋە جىنلارنى ئىبادەت ئۈچۈن ياراتقان.

ئاللاھ-تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿جىنلار ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[43].

ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھەر بىر مىللەتكە پەيغەمبەرلەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەۋەتىپ توغرا يولغا چاقىرماستىن ھېچ بىر مىللەتنى ئازاپلىمىدى. ئاللاھ-تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ مِنْ أُمَّةٍ إِلَّا خَلَا فِيهَا نَذِيرٌ﴾ يەنى ﴿ھەرقانداق بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[44]. ﴿وَمَا كُنَّا مُعَذِّبِينَ حَتَّى نَبْعَثَ رَسُولًا﴾ يەنى﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ، (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق.﴾[45]

2. ئاللاھ-تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىش بىلەن «قۇرئان كەرىم»دە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان يىگىرمە بەش پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بۈيۈكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامدۇر. ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِنَ النَّبِيِّينَ مِيثَاقَهُمْ وَمِنْكَ وَمِنْ نُوحٍ وَإِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَأَخَذْنَا مِنْهُمْ مِيثَاقًا غَلِيظًا﴾ يەنى﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە

(43) سۈرە زارىيات 56- ئايەت
(44) سۈرە فاتىر 24-ئايەت
(45) سۈرە ئىسرا 15-ئايەت

ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن ۋە مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾[46].

3. پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئاللاھ-تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رُسُلًا مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ يەنى ﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خوش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوۋزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[47].

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانغا بىلدۈرۈش، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى تونۇتۇش بىلەن، ئىنسانلارنىڭ كۆرسىتىدىغان باھانىلىرىنى (بىز بىلمىدۇق، بىزگە بىلدۈرىدىغان كىشىلەر بولمىدى دېگەن سۆزلىرىنى) توسۇش، ئاللاھنىڭ مۇئمىن كىشىلەرگە ۋەدە قىلغان جەننەت نېمەتلىرىدىن بېشارەت بېرىش، كاپىر ۋە ئاسىي بەندىلەرنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئىنسانلار ئارىسىغا راستچىللىق ۋە ياخشىلىقنى يېيىش، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسۇش، پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن پەرز-ۋاجىپتۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىدۇر.

﴿إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾ يەنى ﴿ئۇ (يەنى رەسۇلۇللاھ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا

(46) سۈرە ئەھزاب 8- ئايەت
(47) سۈرە نىسا 165- ئايەت



سۆزلەيدۇ﴾[48].

بارلىق پەيغەمبەرلەر قايسى مىللەتتىن بولغان بولسۇن ۋە قانداق زاماندا ياشىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە پەيغەمبەرلەر ئىسلامىيەتكە ۋە يەككە-يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان.

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد يوقتۇر، پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار دەپ ۋەھيي قىلدۇق﴾[49].

ئىزاھات: ھازىرقى جەمىيەتىمىزدە ئېقىپ يۈرگەن «بۇددا دىنى ھەممىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان، ئاندىن ئىسلام دىنى پەيدا بولغان» دېيىدىغان سەپسەتىگە يۇقىرىقى ئايەت ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئىسلامىيەتكە چاقىرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارالغاندىن تارتىپ، ئىنسانلارنى ئىسلامىيەتكە چاقىرغانلىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى توغرا دىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## بەشىنچى: قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش، بۇمۇ ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى قىيامەت مەۋجۇدىيەت دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان كۈندۇر. بۇ دۇنيادا بولغان ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، زالىملار زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار، باي ۋە كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە قىساسنى ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ھەقىقەتنىڭ بۈيۈك سوت مەيدانى. ئاللا تائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىدىن ھېساب ئېلىپ، كۇفرىلىق قىلغانلارنى دوزاخقا سېلىپ،

(48) سۈرە نەجم 4- ئايەت
(49) سۈرە ئەنبىيا 25- ئايەت

شۇكۇر قىلغۇچىلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغان، ئادىللارغا شادلىق، زالىملارغا ئەلەم بولىدىغان بۈيۈك بىر كۈندۇر.

قىيامەت دۇنيا ھاياتىنىڭ داۋامى، يەنى ئەبەدىي بىر ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئازاپ-كۈلپەتتىن خالاس قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرگە رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىنسانغا قەھرىمانلىق، ئەقىل، كۈچ، رەھىم-شەپقەت، ئەركىنلىك بېرىدىغان، شۇنداقلا «ئەبەدىي بىر ھاياتلىق بار» دەپ ئىشىنىشتىن كېلىپ چىققان بىر يورۇقلۇق بار. بۇ يورۇقلۇق دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەرۋاقىت بېشىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ، بۇ دۇنيادىكى ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدىن باشقا ئەبەدىي ھايات بار، ئۇنىڭدا ئادالەت بار، ھەر كىشى ئۆزى قىلغان ياخشى-يامانلىقنىڭ تېگىشلىك نىسۋىسىنى ئالىدۇ دېيىش ۋە ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىشىنىش لازىم.

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر قانچە ھەقىقەتلەرگىمۇ ئىشىنىش لازىم. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - ھامان بىر كۈنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەت ۋە ھاياتلىق يوق بولۇپ قىيامەت بولىدۇ. كائىناتنىڭ يوق بولۇشى «قۇرئان كەرىم»دە «الساعة(ۋاقتى بەلگۈلەنگەن ئاخىرقى كۈن)» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُمْ بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئىمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئىمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى



مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دىمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس-ھۇشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن)، لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[50].

2 - قىيامەت مەيدانىغا يىغىلىش. ھەممە مەۋجۇدات ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى سۈرە قافتا ئاجايىپ پاساھەت
بىلەن مۇنداق بايان قىلغان: ﴿ق وَالْقُرْآنِ الْمَجِيدِ (1) بَلْ عَجِبُوا أَنْ جَاءَهُمْ
مُنْذِرٌ مِنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ (2) أَإِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا
ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ (3) قَدْ عَلِمْنَا مَا تَنْقُصُ الْأَرْضُ مِنْهُمْ وَعِنْدَنَا كِتَابٌ
حَفِيظٌ (4) بَلْ كَذَّبُوا بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُمْ فَهُمْ فِي أَمْرٍ مَرِيجٍ (5) أَفَلَمْ يَنْظُرُوا
إِلَى السَّمَاءِ فَوْقَهُمْ كَيْفَ بَنَيْنَاهَا وَزَيَّنَّاهَا وَمَا لَهَا مِنْ فُرُوجٍ (6) وَالْأَرْضَ
مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ (7) تَبْصِرَةً
وَذِكْرَى لِكُلِّ عَبْدٍ مُنِيبٍ (8) وَنَزَّلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً مُبَارَكًا فَأَنْبَتْنَا
بِهِ جَنَّاتٍ وَحَبَّ الْحَصِيدِ (9) وَالنَّخْلَ بَاسِقَاتٍ لَهَا طَلْعٌ نَضِيدٌ (10) رِزْقًا
لِلْعِبَادِ وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا كَذَلِكَ الْخُرُوجُ (11) كَذَّبَتْ قَبْلَهُمْ قَوْمُ
نُوحٍ وَأَصْحَابُ الرَّسِّ وَثَمُودُ (12) وَعَادٌ وَفِرْعَوْنُ وَإِخْوَانُ لُوطٍ (13)
وَأَصْحَابُ الْأَيْكَةِ وَقَوْمُ تُبَّعٍ كُلٌّ كَذَّبَ الرُّسُلَ فَحَقَّ وَعِيدِ (14) أَفَعَيِينَا
بِالْخَلْقِ الْأَوَّلِ بَلْ هُمْ فِي لَبْسٍ مِنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ (15)﴾ يەنى ﴿قاف. شەرەپلىك
قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمەن (1) بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئۆز
ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، كاپىرلار
ئېيتتى: «بۇ قىزىق ئىشتۇر .(2) بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن
(تىرىلىپ ئىلگىرىكى ھالىتىمىزگە قايتامدۇق )، بۇنداق قايتىش (ئەقىلدىن
يىراقتۇر» .(3) ئۇلارنى زېمىنىنىڭ كېمەيتكىنىدىن (يەنى ئۇلارنىڭ
جەسەتلىرىنى يەر يەپ كەتكىنىدىن) بىز ھەقىقەتەن خەۋەردارمىز، بىزنىڭ

(50) سۈرە ھەج 2-1- ئايەتلەر

دەرگاھىمىزدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز) بار .(4) بەلكى ئۇلار بولسا ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان ھەقىقەتنى (قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى، ئۇلار قالايمىقان ھالەتتىدۇر .(5) ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ .(6) يەر يۈزىنى (تولغىرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق (7) . ئاللاھقا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى) كۆرستىش ئۈچۈن ۋە (ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق) (8). كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۇنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق .(9–10) (ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر (11) . ئۇلاردىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلىرىنى) ئىنكار قىلغانلار نۇھنىڭ قەۋمى رەس ئاھالىسى، سەمۇد (قەۋمى)، ئاد (قەۋمى)، پىرئەۋن، لۇتنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەيكە ئاھالىسى (يەنى شۇئەيب قەۋمى) تۇببە قەۋمى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابىم (ئۇلارغا) تېگىشلىك بولدى (14-12). (ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس) بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر (15)﴾.

قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ ھالى خىلمۇ-خىل بولىدۇ. بەزىلىرى نامە-ئەمەل دەپتىرىنى ئوڭ قولىدا ئالىدۇ، بەزىلىرى سول قولىدا ياكى



ئارقىسىدىن ئالىدۇ.

﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا وَيَنْقَلِبُ إِلَى أَهْلِهِ مَسْرُورًا وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاءَ ظَهْرِهِ فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُورًا وَيَصْلَى سَعِيرًا﴾ يەنى ﴿نامە - ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال - خۇرام قايتىدۇ. نامە - ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم «ۋاي» دەپ تۇۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ)، دوزاخقا كىرىدۇ﴾[51]

3 - سىرات كۆۋرۈكى. قىيامەت كۈنىنىڭ سوئال-سوراقلىرى تۈگىتىلىپ، نامە ئەمال دەپتىرى كۆرۈلۈپ ۋە تارازىدا تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، جەننىتى ياكى دوۋزىخى بولغۇچىلار ئۆز نۆۋىتىدە بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ. دوۋزاخ ئەھلى بولغانلار سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. جەننەت ئەھلى بولغانلار ئۇنىڭدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندىلىرىنى جەم قىلىپ <مەندىن باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغانلار ئەشۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن> دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئايغا چوقۇنغانلار ئايغا ئەگەشىدۇ، ئاندىن تاغ، دەرەخ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلارمۇ شۇ نەرسىلەرگە ئەگىشىدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە كۆۋرۈك تارتىلىدۇ، مەن ۋە ئۈممەتلىرىم بىرىنچى بولۇپ ئۆتىمىز.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

4 - جەننەت ۋە دوۋزاخ. ھەر نەرسىنىڭ ئاخىرى بار. بۇ دۇنيادا باشلانغان ھايات سەپىرى، قىيامەت كۈندىكى ھېسابتىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. ئىمان بىلەن ياشىغان ۋە ياخشىلىق قىلغان، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى

(51) سۈرە ئىنشىقاق 12-7-ئايەتلىرى

بىجاندىل ئادا قىلىپ دۇنيا ھاياتلىقىنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. ﴿وَلِمَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ جَنَّتَانِ﴾ يەنى ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار﴾[(52)]. ئەمما ئىمانسىز بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيالىقنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بولسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ۋە دوۋزاخقا كىرىدۇ. ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[(53)]

## ئالتىنچى: تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش

1 - تەقدىرگە ئىشىنىش ئىمان ئەركانلىرىنىڭ بىرىدۇر. مەۋجۇداتلاردىكى يىمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇش، ئۇخلاش، ئويلاش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان. قانداقلا شەكىلدە بولمىسۇن، بەندىلەر بۇ ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارىدا بېجىرىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ بۇيرىقى ئۈچۈن ئۆز ئۆمرىنى سەرپ قىلىشى لازىم. ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ وَإِلَيْهِ النُّشُورُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[(54)].

(52) سۈرە ئەررەھمان 46- ئايەت
(53) سۈرە نىسا 56- ئايەت
(54) سۈرە مۈلك 15- ئايەت



2 - ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تەقدىر قىلغۇچى ئاللاھدۇر. ئەمما شۇنى قىلىش ياكى قىلماسلىق بەندىلەر تەرىپىدىن بولىدۇ. بەندىلەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلىشتا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياخشىلىقنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلدى ۋە تەرغىپ قىلدى. ۋە شۇنىڭدەك يامانلىقنىڭمۇ سۈپەتلىرىنى ئۇچۇق بايان قىلىپ بەردى ۋە ئاگاھلاندۇردى.

شۇنداقلا بىزگە قىلىش-قىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىختىيارنى بەردى. شۇ سەۋەپتىن بىز قىلغان ئىشلىرىمىزدىن ئاللاھ ئالدىدا ھېساب بېرىمىز. بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ياخشىلىق بولسا، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش لازىم. ﴿وَقُلِ اعْمَلُوا فَسَيَرَى اللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُ وَالْمُؤْمِنُونَ وَسَتُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ»﴾[(55)]

تەقدىرگە ئىشىنىشتە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى: بەندىلەرگە كېلىدىغان كېسەل، دەرت-جاپا، يوقسۇزلۇق قاتارلىقلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىكىتكەن تەقدىرى دەپ ئىشىنىش. ئاللاھ تائالادىن بۇ مۈشكۈلچىلىكنى كۆتۈرۈشنى دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە، تارتقات كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلسا ئاللاھ تائالا ساۋاب ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىش لازىم. ئىككىنچى: كەمبەغەللىك، ئاجىزلىق، كىسەللىكلەرنى... ئاللاھ تائالادىن دەپ ئىلاج قىلماي ئولتۇرۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئىرادىنىمۇ

(55) سۈرە تەۋبە 105- ئايەت

ياراتتى. ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئىرادىسى بىلەن ئىشلارغا ئەمەل قىلىشىمىز ئىمانىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن، كېسەل بولغان ئادەم، كېسەلنى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى، ئۇنى «ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى ساقايتسۇن» دەپ ئولتۇرماي، كېسەلگە داۋا ئىزدەش ۋە داۋالىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىمانىنى توغرا چۈشەنگەن بولىدۇ. «ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن كېسەل بولدۇم» دەپ داۋالانماستىن ئۆلۈش ياكى «تەقدىر بىلەن ئوغرى بولدۇم» دەپ ئوغرىلىق قىلىش ئىماندىن ئەمەس. ئۇ دەل ئەكسىنچە ئاللاھ تائالاغا تۆھمەت قىلغانلىق بولىدۇ. كېسەللىكنى ئاللاھ تائالا ياراتقان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، داۋاسىنىمۇ ياراتقان. ئوغرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازالىرىغىچە بىلدۈرۈپ قويغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىقتىن يېنىش ئىختىيارىنىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە بەرگەن.